## 127942 - قىز-خانىملارنىڭ ئۆز ئېرىدىن باشقا تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈن ھازا تۇتۇشى توغرا بولامدۇ؟

### سۇئال

بەزى ئالىملارنىڭ: "ئايال كىشى ئېرىدىن باشقا تۇغقانلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنگىچە قارىلىق تۇتۇپ، زىبۇ-زىننەتنى تەرك قىلىپ، گۈزەل كىيىملىرىنى كىيمەسلىكى ياخشى بولىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بۇ سۆز توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بۇ سۆز توغرا، بۇ توغرىدا سەھىھ ھەدىس بايان قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال ئېرىدىن باشقا تۇغقانلىرىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتمايدۇ، ئەمما ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتىدۇ». [بۇخارى ۋە مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].